يۇسۇپجان ئەيسا



# ۋىسال

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

يۈسۈپجان ئەيسا

# [illegible]

(رومان)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئايگۈل ھاشىم
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۈل ئابلىمىت
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

# ۋىسال

يۈسۈپجان ئەيسا

*　　*　　*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى كائىلىن قەغەزچىلىك ـ مەتبەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 13.437 قىستۇرما ۋارىقى: 2
2005 - يىلى 4 - ئاي 1 - نەشرى
2005 - يىلى 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 1—3000
ISBN 7—228—09322—4 Ⅰ
باھاسى: 19:60 يۈەن

**图书在版编目(CIP)数据**

相聚/玉斯甫·艾沙编。一乌鲁木齐:新疆人民出版社,2005.1

ISBN 7-228-09322-4

Ⅰ.相… Ⅱ.玉… Ⅲ.长篇小说-中国-当代--维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2005)第01072号

责任编辑: 阿依古丽·阿西木
责任校对: 热娜古丽·阿布里米提
封面设计: 艾克拜尔·沙力

**相聚**(维吾尔文)
玉斯甫·艾沙 著

---

新 疆 人 民 出 版 社 出 版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
康林纸业印务有限公司印刷
850×1168 毫米 32开本 13.437印张 2插页
2005年4月第1版 2005年4月第1次印刷
印数:1—3000

---

ISBN 7-228-09322-4 定价:19.60元

# مۇھەررىردىن

يۇسۇپجان ئەيسا 1926 - يىلى 6 - ئايدا قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇر رايونى ئاقسۇ يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1933 - يىلىدىن 1940 - يىلىغىچە چاپچال ناھىيە جاغىستاي يېزىسى «بىرلىك مەكتەپ»، 1940 - يىلىدىن 1943 - يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىدە ئوقۇغان.

1943 - يىلىدىن 1944 - يىلى 11 - ئايغىچە چاپچال ناھىيە قاينۇق يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئىلمىي مۇدىر، مۇدىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1944 - يىلى «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» پارتلاش بىلەن ئۇنىڭغا پىدائىي بولۇپ قاتناشقان. 1944 - يىلى 11 - ئايدىن 1947 - يىلىغىچە غۇلجا شەھىرىدىكى 2 -، 3 - شۆبە ساقچى ئىدارىسىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن. 1947 - يىلىدىن 1948 - يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەتلىك ئىچكى ئىشلار نازارىتىدە مەسئۇل تەرگەۋچى، 1948 - يىلىدىن 1949 - يىلىغىچە توققۇزتارا ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسى، كۈنەس ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىدە تەرگەۋ بۆلۈمچە باشلىقى، 1949 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەتلىك ئىچكى ئىشلار نازارىتى نوپۇس بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1950 - يىلىدىن 1951 - يىلىغىچە غەربىي شىمال جامائەت خەۋپسىزلىكى مەكتىپىدە ئوقۇغان. 1951 - يىلىدىن 1956 - يىلىغىچە سابىق ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك ج خ باشقارمىسى سىياسىي قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى؛ 1956 - يىلىدىن 1957 - يىلى-

غىچە تۇرپان ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى؛ 1957 ـ
يىلىدىن 1958 ـ يىلىغىچە پىچان ناھىيىلىك ج خ ئىدارىسىنىڭ
باشلىقى؛ 1958 ـ يىلىدىن 1957 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچى ۋىلايەت-
لىك ج خ باشقارمىسى سىياسىي قوغداش بۆلۈمىنىڭ باشلىقى
بولغان؛ 1959 ـ يىلىدىن 1961 ـ يىلىغىچە ئاپتونوم رايونلۇق
ج خ نازارىتى مەدەنىيەت قوغداش باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باش-
قارما باشلىقى بولغان؛ 1981 ـ يىلىدىن 1987 ـ يىلىغىچە
3 ـ تۈرمىنىڭ مۇئاۋىن تۈرمە باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ،
1987 ـ يىلى دەم ئېلىشقا چىققان.

خىزمەت جەريانىدا «پىدائىي»، «ساداقەت»، غەربىي شى-
مالنى ئازاد قىلىش، خاتىرە ئوردېنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارت-
كوم، خەلق ھۆكۈمىتى تارقاتقان شىنجاڭدا 30 يىل خىزمەت
قىلغانلار خاتىرە ئوردېنى، مەركىزىي ئەدلىيە مىنىستىرلىقى
تەرىپىدىن بېرىلگەن 30 يىللىق ئەدلىيە خىزمەت خاتىرە
ئوردېن ـ مېداللىرى بىلەن تەقدىرلەنگەن.

ئۇ ئالدىراش خىزمەت مۇھىتىدىمۇ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە ۋا-
قىت چىقىرىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى، ئەخمەتجان قاسىمى،
ئىسھاقبېكلەر ھەققىدە بىرمۇنچە ئەسلىمىلەرنى، ئەخمەتجان قا-
سىمىنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى تەسۋىرلەنگەن 32 پارچە ھېكايە،
«مەرىپەتپەرۋەر ھېزىزەم ئاخۇنۇم»، «ئاشۇ يىللاردا»، «چۆلگە
ئاققان شەربەت» قاتارلىق ماقالىلەرنى يېزىپ، ھەرقايسى
گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلدۇرغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەخ-
مەتجان قاسىمى ھەققىدىكى ھېكايىلىرى ئوقۇرمەنلەر ئارىسىدا
خېلى كۈچلۈك تەسىر پەيدا قىلدى ھەمدە «ئەخمەتجان قاسىمى
ھەققىدە ھېكايىلەر» ناملىق توپلامغا كىرگۈزۈلدى. قولىمىزدى-
كى «ۋىسال» رومانىنى ئۇ 1988 ـ يىلىدىن باشلاپ يېزىشقا

كىرىشىپ، قايتا - قايتا ئۆزگەرتىش، پىششىقلاش ئارقىلىق كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە سۇندى.

ئۇنىڭ بۇ رومانىدا بىر جۈپ ياشنىڭ پاك مۇھەببىتىنى يىپ ئۇچى قىلغان ئاساستا، «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدىكى تارىخي ۋەقەلەر جانلىق تەسۋىرلەپ بېرىلگەن. ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى قىزىقارلىق ھەم تەسىرلىك، چىنلىق تۈيغۇسى كۈچلۈك بولۇپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئەينى يىللاردىكى مۇھىت ئىچىگە باشلاپ كىرەلەيدۇ.

# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................... 1

بىرىنچى قىسىم ئەجەل ھودۇقۇشىدا ............ 1

بىرىنچى باب ........................... 2

ئىككىنچى باب ........................... 22

ئۈچىنچى باب ........................... 57

تۆتىنچى باب ........................... 72

بەشىنچى باب ........................... 89

ئالتىنچى باب ........................... 107

ئىككىنچى قىسىم قىساس ........................... 154

بىرىنچى باب ........................... 155

ئىككىنچى باب ........................... 229

ئۈچىنچى باب ........................... 260

تۆتىنچى باب ........................... 296

بەشىنچى باب ........................... 311

ئۈچىنچى قىسىم مەڭگۈلۈك مۇھەببەت ............ 347

بىرىنچى قىسىم

# ئەجەل ھودۇقۇشىدا

# بىرىنچى باب

## 1

گۈزەل ئەۋلىيا چوققىسىنىڭ شىمالىي ئېتىكىگە جايلاشقان بۇ يېزىنىڭ ئالدى ساي بولۇپ، سايدا بۇلاق سۈلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سۈپسۈزۈك ئېقىن ئېقىپ تۇراتتى. ساي بويىدىكى كۆپكۆك چىمەنزارلىقتا ئوتلاپ يۈرگەن ئوغلاق - قوزا، ئات - كالىلارنىڭ ئاۋازلىرى تاغ سۈيىنىڭ ئۆركەش ياساپ ئېقىشلىرىغا قوشۇلۇپ، مۇڭلۇق كۈي ھاسىل قىلاتتى. باغلاردىكى ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈت چېچەكلىرى، رەڭمۇ رەڭ ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنىڭ پۇراقلىرى تاغنىڭ مەيىن شامىلىغا قوشۇلۇپ، جانغا راھەتبەخش ئاتا قىلاتتى. يېزىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان ئەۋلىيا چوققىسى خۇددى ئۆينىڭ تۆرىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغان، ئاپئاق ساقال بوۋايدەك تارىخنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە كەڭ ۋادىغا نەزەر تاشلاپ تۇراتتى. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن زىيالىيلار، شائىرلار، ئەدىبلەر مۇشۇ يېزىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ كەلگۈسى ئۈمىد - ئارزۇ پىلانلىرىنى باشلىغانىدى. شۇلارنىڭ بىرسى ئەلپاتتا ئاكا ئىدى. ئۇ ئالمائاتادىكى سوپى زارۋات ئالىي تېخنىكومىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، 1907 - يىلى ئۆز يېزىسىغا كۆچۈپ كەلدى. ئەينى ۋاقىتتا يېزا خەلقىنى قاراڭغۇلۇق، ساۋاتسىزلىق، خۇراپاتلىق قارا تۇمانى قاپلاپ تۇراتتى.

ئەلپاتتا ئاكا يېزىدىكى ئىلغار كىشىلەرنىڭ قوللىشى بىلەن مەسچىت يېنىدىكى ئىككى ئېغىز ۋەخپە ئۆينى تۈزەشتۈرۈپ ئىككى سىنىپ يېڭىچە پەننىي مەكتەپ ئاچتى. شۇنىڭدىن باشلاپ، يېزىدا ئىلىم - مەرىپەت گۈللىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. 1908 - يىلى مىسماخان ئانا تۇنجى ئوغلى پولاتنى تۇغدى. مىسماخان ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تۇغقان بولسىمۇ، قىزىل چىقىش، چېچەك چىقىش سەۋەبلىرى بىلەن تۈگەپ كەتتى. پولات كىچىكىدىن تارتىپلا ئەخلاقلىق، ئەقىللىق، زېرەك بولۇپ ئۆستى. ئۇ بىر نەۋرە تۇغقىنى گۈلنار بىلەن چىقىشىپ ئۆتەتتى ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئوينايتتى. ئۇلار مەكتەپ يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئەلپاتتا ئاكا ھەر ئىككىسىنى مەكتەپ تەربىيىسىگە ئېلىپ ئوقۇتتى، ئۇلار ئەلاچى بولۇپ بەشىنچى سىنىپنى تۈگەتكەندە ئەلپاتتا ئاكا سىنىپ سانىنى بەشكە كۆپەيتىپ، باشلانغۇچ سىنىپ دەرسلىرىگە پولات بىلەن گۈلنار ياردەملەشتى.

ئەلپاتتا ئاكا پولات بىلەن گۈلنارغا ھەر كۈنى كەچتە يېڭى دەرسلەرنى ئۆتۈش بىلەن بىرگە سوۋېت ئىتتىپاقى يېرىدە يۈز بەرگەن يېڭىلىقلار ئۈستىدە سۆزلەپ، خەلقىمىزنىڭ يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان ئېكسپىلاتاتسىيە زۇلۇمى بىلەن نادانلىقتىن ئىبارەت ئىككى تاغنىڭ زىيىنىنى، ئىنسان ئۈچۈن ئازادلىق، ھۆرلۈكنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشەندۈرەتتى.

1929 - يىلى مىسماخان ئانا يالغۇز ئوغلى پولاتنى بىر قورساق سىڭلىسى جەنساخان ھەدىنىڭ تۇنجى قىزى گۈلنارغا ئۆيلەپ قويدى. گۈلنار ھۆسن - جامالى تولغان، ئېگىز بوي، قوشۇما قاش، قارا كۆزلۈك، ئەخلاق - پەزىلەتلىك قىز ئىدى. گۈلنار تويى بولۇپ يىلدىن ئېشىپلا ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئىش



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

ئەلپاتتا ئاتا بىلەن مىسماخان ئانىلارغا ھاياتىي كۈچ، خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنى مەردان قويدى. ئەلپاتتا ئاكا پولات، گۈلنار قاتارلىق ئۆزى تەربىيىلىگەن سەككىز نەپەر ئوقۇغۇچىنى غۇلجىدا ئېچىلغان سەككىز ئايلىق ئوقۇتقۇچىلارنى يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا ئەۋەتتى. يۇرت ـ جامائەتنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ 10 ئېغىزلىق يېڭىدىن مەكتەپ سالدۇردى. 1938 ـ يىلى جاللات شېڭ شىسەي ئەلپاتتا ئاكىنى «خائىن» دېگەن بەتنام بىلەن قولغا ئېلىپ ئۈرۈمچى تۈرمىسىدە يوقاتتى. بۇنداق پاجىئە ئالدىدا پولات باش ئەگمىدى. ئاتا ئىزىغا ۋارىسلىق قىلىپ مەدەنىيەت ـ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەكتەپ سىنىپ سانىنى 15 كە يەتكۈزدى، ھەر يىلى بىر قانچىلىغان ئوقۇغۇچىلار ئىلى، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلاردىكى ئىنستىتۇت، تېخنىكوملارغا ئوقۇشقا كىرىپ، نۇرغۇن بىلىملىك كىشىلەر يېتىشىپ چىقتى. بىراق، ۋەزىيەت تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ پۈتۈن شىنجاڭنى، جۈملىدىن ئىلى ئاسمىنىنى قارا بۇلۇت قاپلىدى. مۇشۇ گۈزەل يېزا كوچىلىرىدا كېچىلىرى لالما ئىتلار ھۇۋلايتتى. قايسىبىر ئەسكى تام يوچۇقلىرىدا ھۇۋقۇشلار سەت ھۇۋلاپ ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلاتتى. سوغۇقتا قېلىپ توڭلىغان ئىتقا ئوخشاش ئىشپىيون ـ جاسۇسلار كوچىمۇ كوچا، ئىشىكمۇ ئىشىك، دېرىزىمۇ دېرىزە ماراپ قاترىشىپ يۈرەتتى. تۇت، ئۇر، باغلا، يىغا ـ زارلار كۈن ئارىلاپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

پولات ئەپەندى ئوڭدىسىغا ياتقان پېتى كۆزلىرىنى تۇرۇسقا تىكىپ كۆڭۈللۈك، كۆڭۈلسىز ئىشلارنى باشتىن ـ ئاخىر ئويلاپ، ئۇلۇغ ـ كىچىك تىناتتى. بىر چاغدا قاراڭغۇ كېچە چىرمىغان يېزىنىڭ يۇقىرىقى كوچىسىدا ئىت قاۋىدى. ھايال

قالمايلا تەرەپ ـ تەرەپتىن ئىتلار قاۋاش بىلەن تۈننى بېشىغا كىيدى. قايسىبىر ئىتلار ئۆز تۈكىنى ئۆزى يۇلۇۋېلىغاندەك قەھرى ـ زەھرى بىلەن رەقىبلىرىگە ھاۋشىپ ھۇجۇم قىلاتتى.

— يەنە نېمە بالا بولغاندۇ؟ — دېدى پولات ئەپەندى ئورنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ.

— شۇنى دەيمىنا، ئىتلارنىڭ قاۋشىغا قارىغاندا بۈگۈن يەنە ئادەم تۈتتىمۇ نېمە؟! — گۈلنار جوزا ئۈستىدىكى كۆرۈۋاتقان تاپشۇرۇقلاردىن بېشىنى كۆتۈردى ـ دە، دېرىزە تەرەپكە قارىدى، — قاراڭ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلغان ئاۋازمۇ بار، ھەي ئىپلاسلار، بۈگۈن يەنە بىر نەچچە بىگۇناھ كىشىنى قاقشىتىدىغان بولدى ـ دە.

— چىراغنى ئۆچۈرگىنە، لالما ئىتلارنىڭ بۈگۈن ئىشىكمۇ ئىشىك، دېرىزىمۇ دېرىزە تىڭ ـ تىڭلايدىغان كۈنى، ھەي، ھەي، ئامال قانچە.

پولات ئەپەندى ئېغىر تىندى، گۈلنار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقىنى تېخى كۆرۈپ بولالمىغانىدى. ئۇ دادىسىنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ ياتقان مەردانىغا قاراپ يوتقىنىنى تۈزەپ يېپىپ قويدى ـ دە، چىراغنى ئۆچۈردى. كوچىلاردىكى ئەنسىزچىلىك، ئىتلارنىڭ قاۋاشلىرى، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، ئاياللارنىڭ يىغا ـ زارلىرى بۇ ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇلار دېرىدىزىگە كېلىپ بىر پەس سىرتنى تىڭشىدى.

— قانداق قىلىش كېرەك، — دېدى گۈلنار ئېچىنىش ئىچىدە، — مانا قاراڭ، كۈن ئارىلاپلا بىگۇناھ كىشىلەرنى بۇنداق تۇتقۇن قىلسا، مىڭ جاپادا تاپقان ـ تەرگىنىنى بۇلاپ ئەكەتسە، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كەتتى ـ ھە!؟

— شۇنداق، گومىنداڭچىلار هازىر ئەجەل هودۇقۇشىدا.
سىرتقى جەهەتتىن سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن بولغان سىياسىي،
ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى پۇتۇنلەي ئۈزۈپ قارشىلاشتى. ئىچكى
تەرەپتىن جۇڭگو كومپارتىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ ياپو-
نىيە فاشىستلىرىغا قارىتا تەسلىمچىلىك پوزىتسىيىسىگە ئۆتۈپ،
سىياسىي، ئىقتىسادىي، تەشكىلىي تەرەپتىن راسا چىرىكلە-
شىپ، جۇڭگو خەلقىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. ئەمدى بىگۇ-
ناه خەلقنى بۇلاش - تالاش، ئۇرۇش، قىيناش، ئاياغ ئاستى
قىلىش، قاماش، ئۆلتۈرۈش بىلەن هاكىمىيەتنى ساقلاپ قالماق-
چى. بىراق، زۇلۇم قانچىلىك ئاشسا، خەلقنىڭ قارشىلىقى،
نارازىلىقىمۇ شۇنچىلىك ئاشىدۇ - دە.

— ئۇغۇ شۇنداق. بىراق، «ئۈزۈم پىش، ئاغزىمغا
چۈش» دەپ كۈتۈپ تۇرۇش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ - دە. بۈگۈن
ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مىش - مىش سۆزىگە قارىغاندا هېلىقى هىمىت
دېگەن مۇناپىقمۇ ئىشپىيون بوپتىمىش. بۇ جاللاتلار جەمئىيەت-
تىن ئەمدى تىغ ئۇچىنى مەكتەپتىكى زىيالىيلارغا قاراتتى دېگەن
سۆز. ئەنسىرەپلا يۈرىمەن، ئاخىر قول سالىدىغاندەكلا قىلىدۇ.

— هىمىت، — پولاتنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ
كەتتى. ئۇ بىر پەس جىم تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋام
قىلدى، — «ئالا ئىنەكنىڭ بالىسى چالا قۇيرۇق» دەپ كونىلار
بىكارغا دېمىگەن - دە. ئاللانى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي بىر غۇلاچ
تەسۋىنى شاراقلىتىپ، خۇدانىڭ ئۆيى — مەسچىتنىڭ ئىمامى
بولغان بوۋىسىدىن تارتىپ باۋجاڭ دادىسىغىچە ئىشپىيون بولۇپ
يالغان - ياۋىداق سۆزنى توقۇپ ئۆزىنىڭ يۇرتداش - قېرىنداش-
لىرىنى قامىتىۋاتقان يەردە هىمىتقا ئوخشاش مەلئۇننىڭ ئىشپى-
يون بولۇشى تەبىئىي - دە، — ئۇ ئېغىر تىن ئالدى، ئاندىن

سۆزنى داۋام قىلدى، — ھىممىت ئالدى بىلەن مېنىڭ ئۇس-
تۇمدىن ماتېرىيال بېرىدۇ. مېنى قامىتىپ، ئورنۇمغا مەكتەپ
مۇدىرى بولىدۇ. «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەن مانا شۇ.
ئەھەت باۋجاڭنىڭ مەنسىپى، مال - دۇنياسى شۇنىڭدىن كەلگەن
تۇرسا.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەنسىرەپلا يۈرىمەن، ئۇنىڭغا دىققەت
قىلمىساق بولمىدى، — دېدى گۈلنار.

— ھە، ھە، ھە! «پىچاق سۆڭەككە يەتتى» دېگەن مانا
مۇشۇ، — ھەسرەتلەندى پولات ئەپەندى. ئاندىن سۆزىنى داۋام
قىلدى، — بىز مۇشۇ كۈنگىچە خەلققە قىلچە يامانلىق قىلمى-
دۇق، يېزىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىنى ياخشىلاپ
ئوقۇتقۇچىلىق بۇرچىمىزنىلا ئادا قىلدۇق، بۈگۈنكى كۈندە مۇس-
تەبىت ھاكىمىيەت خەلقىمىزنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ھەددى-
دىن ئاشتى. بىز ئوقۇتقۇچىلارنىڭ خەلقىمىزنى نادانلىقتىن قۇت-
قۇزۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار. بۇ يولدا قۇربان بېرىش شەرەپ-
لىك ئىش.

— شۇنداق، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك، —
قوشۇمچە قىلدى گۈلنار.

— شۇنداق، «تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقۇش كېرەك» . مەن
شەھەرگە چۈشەي. بىر سەپدىشىمدىن ئۇقۇشۇمچە، سۇيدۇڭ،
ئىلقا تاغلىرىدا قېچىپ يۈرگەنلەر قورال ئۇقۇشۇپ يۈرۈپتۇ.
بۇنىڭغا قارىغاندا شەھەردىكى زىيالىيلارمۇ تىنچ ياتماسلىقى تەبى-
ئىي، ئەڭ مۇھىمى شەھەردىكى زىيالىيلار بىلەن بىرلىشىپ
پىلانلىق ھەرىكەت قىلىش كېرەك. سەنچە قانداق؟ — سورىدى
ئۇ. گۈلنار يولدىشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ يۈرىكى ئورنىغا چۈش-
كەندەك بولدى - دە:

— بولىدۇ، چوشۇڭ، — دېدى.

ئەنسىز كېچە، ئىتلارنىڭ توك - توكنى يەپ قاۋاشلىرى، ئاتلارنىڭ دۈپۈرلەشلىرى، ئاﻳﺎل - بالىلارنىڭ يىغا ئارىلاش نالە - زارلىرى تاڭ نىسپىدە جىمىشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىگىسىز قالغان ئىتلارنىڭ قورقۇنچلۇق ھۇۋلاشلىرى بىلەن ھۇۋقۇشنىڭ سەت ھۇۋلىشى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئىككىلەن ئۇزاق پاراڭلىشىپ تاڭغا يېقىن كۆزلىرى ئۇيقۇغا كەتتى.

## 2

ماي ئايلىرىنىڭ ئاخىرقى بىر كۈنى ئىدى. باغلار قاراڭغۇلىشىپ كەڭ ۋادىلار يېشىللىققا پۈركەنگەنىدى. يېڭىدىن تاختا بولۇشقا باشلىغان بۇغداي، ئارپىلار مەيىن شامالدا شاۋقۇنسىز دېڭىز سۈيىدەك سىلكىنىپ تۇراتتى. كاككۇك گۈلى، سېرىق چېچەك، كۆپكۆك شىۋاقنىڭ قېرىق پۇراقلىرى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. بوز تورغايلار بەسلەشكەندەك بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى تىك كۆتۈرۈلۈپ كۆك ئاسماندا قاناتلىرىنى پۇلاڭلىتىپ مۇڭلۇق سايرىشاتتى.

ئىككى ئاتلىق كىشى چىغىر يولدىن چىقىپ چوڭ يول بىلەن يېزىغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ھەر ئىككىسىنىڭ كىيگىنى قارا كۆك كاستۇم - بۇرۇلكا بىلەن قارا خۇرۇم ئۆتۈك، بېشىدا شەپكە، قارىماققا 40 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، ئانچىلا پەرقلەنمەيتتى. بىرسىنىڭ مىنگىنى كۈل رەڭ قاشقا، يەنە بىرسىنىڭ بوز ئات ئىدى. كۈل رەڭ قاشقا بىلەن بوز ئات بىر - بىرسى بىلەن يول تالاشقاندەك يۈگەن سىيرىپ

ماۋاتتى. ئارىلاپ - ئارىلاپ چىۋىنقاپ پۇشقۇرۇپ، باشلىرىنى
سىلكىشىپ قويااتتى. بۇ ئىككى كىشى بىر نەرسىدىن ئېھتىيات
قىلىشقاندەك پات - پاتلا ئۇيان - بۇيان قارىشىپ قويااتتى.
— ئۆز ۋاقتىدا ھەر يىلى يازدا ئۆيدىكىلەرنى ئېلىپ
چىقىپ ئون نەچچە كۈن تۇرۇپ كېتەتتۇق. شىنىڭ شىسەي بۇ
يېزىدىن ئەلپاتتا ئاكىنى، غۇلجا شەھىرىدىن بىزنىڭ پەدەرنى
«خائىن» دەپ قولغا ئالدى. خائىننىڭ پۇشتى دېگەن بەتنام
بىلەن يۇرۇش - تۇرۇشىمىز چەكلىنىپ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ
يەرگە چىقالمىدۇق، — دېدى كۈل رەڭ قاشقىغا مىنگەن قارا-
قاش، قوي كۆزلۈك، ئىككى مەڭزىدىن قان تېمىپ تۇرغان
بۇرۇتلۇق كىشى.
— ئۇلار بىزنى تۈرلۈك تەن جازاسى بىلەن قىيناپ ھوش-
سىزلاندۇرۇپ، ئاندىن ئۆزلىرى توقۇپ چىققان سوراق خاتىرى-
لىرىگە بارمىقىمىزنى باستۇرۇۋاپتۇ. ۋاي ئەبلەخلەر، ئۇلار دې-
گەن جىنايەتلەرنىڭ بىرەرسى بىزدە بولسىچۇ كاشكى، بىز ئۇ-
رۇمچى 4 - تۈرمىدە ئەلپاتتا ئاكا بىلەن بىر يىلچە بىرگە
ياتتۇق. كېيىن، جەمئىيەتتە ئابرۇيى چوڭراق بولغانلارنى بىر
كېچىدىلا ئەكېتىشتى. قاياققا ئاپارغىنىنى بىلمەيمىز، ئۇلار
ئىككىنچىلەپ قايتىپ كەلمىدى. كېيىن ئۇقساق، شۇدىلەڭ
دېگەن يەردىكى مەخپىي تۈرمىگە ئاپىرىپ ئۇجۇقتۇرۇپتۇ. تۆت
يىللىق تۈرمە ھاياتىدا كۆرمىگەننى كۆردۇق. بۇ جانلارمۇ زاكا-
لەتكە قالغان جان دەڭا، — بوز ئاتقا مىنگەن ئاق سېرىقى
شۇنداق دېدى - دە، ئېغىر تىنىۋالدى، ئاندىن، — مۇشۇ
مۇناپىق گومىنداڭچى ليۇ جۇيجاڭ ئاخىرقى ئىككى قېتىم سوراق
قىلىپ، قىيناپ چالا ئۆلۈك قىلىپ يالغان ئىقرارنامىگە قولۇم-
نى قويدۇرۇۋاپتۇ. بۇ جاللات ھازىر غۇلجىغا كەلدى. ۋاقتى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com